# شىياڭگاڭ ساقچى تەرەپنىڭ قانۇننى كەسكىن، ئادىل ئىجرا قىلىپ زوراۋانلىقنى توسۇشنى قەتئىي قوللايمىز

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

قانۇن چىقىرىش كېڭىشى، شىياڭگاڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالاقە ئىشخانىسىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشتىن ساقچى مەھكىمىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش، پارتلىتىش بۇيۇملىرى قاتارلىق زوراۋانلىق قوراللىرىنى ياساشقىچە، شىياڭگاڭدا يېقىنقى مەزگىلدە زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ، شىياڭگاڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەرنى قاتتىق ئىچىندۇردى. شىياڭگاڭدىكى نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش شىياڭگاڭ ساقچى تەرەپنىڭ قانۇننى كەسكىن، ئادىل ئىجرا قىلىپ زوراۋانلىقنى توسۇشنى قەتئىي قوللاپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شىياڭگاڭنىڭ ياخشى قانۇنچىللىقنى قوغداش.

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىياڭگاڭدىكى ئۆكتىچىلەر ۋە رادىكال زوراۋان ئۇنسۇرلار قەستەن زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلىپ، تىنچ كۈچ كۆرسىتىش دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ، دەۋا تەلىپى يولىدىن چەتنەپ، ۋەقەنىڭ ئۆزىنى بۇرمىلىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ ئىش «قاچقۇن جىنايەتچىلەر نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان، لېكىن ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتى بۇ نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ۋاقىتنىچە كېچىكتۈرۈشنى بۇرۇنلا جاكارلىغان، مۇناسىپ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ پۈتۈنلەي توختىتىلغان. ھالبۇكى، رادىكال زوراۋان ئۇنسۇرلار قەدىمىنى توختاتمايلا قالماي، يەنە بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشتى. ئۇلار شىياڭگاڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئالاقە ئىشخانىسىنى قورشاپ توسۇۋالدى، دۆلەت گېربىگە داغ تەككۈزۈپ زىيان يەتكۈزدى، ساقچى مەھكىمىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ساقچىلارنى قاتتىق ئۇردى، دۆلەت بايرىقىنى ھاقارەتلىدى، ھەتتا قانۇنسىز نامايىش - يىغىلىشلاردا «شىياڭگاڭ مۇستەقىللىقى» شوئارىنى توۋلاپ، شىياڭگاڭنىڭ قانۇنچىللىقنى دەپسەندە قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» پرىنسىپىنىڭ تۆۋەن چېكىگە چېقىلدى. تۈرلۈك ئالامەتلەردىن مەلۇم بولدىكى، رادىكال زوراۋان ئۇنسۇرلارنىڭ تۈپ مەقسىتى ھەرگىزمۇ نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قارشى تۇرۇش دەۋا تەلىپى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تۈپ مەقسىتى شىياڭگاڭنى مالىمان قىلىش، شىياڭگاڭنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرۈش، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»نى ۋەيران قىلىش.

ھەرقانداق مەدەنىي ۋە قانۇنچىل جەمئىيەت زوراۋانلىق - مۇتەھەملىككە تاقەت قىلىپ تۇرمايدۇ. بىز شۇنى كۆردۇقكى، پۈتكۈل ۋەقەنىڭ يامراش جەريانىدا، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىياڭگاڭ ساقچى تەرەپ غايەت زور بېسىمغا بەرداشلىق بەردى. شىياڭگاڭ جەمئىيىتىدىكى تىنچ نامايىش، يىغىلىشلارغا قارىتا، ئالاھىدە رايون ساقچى تەرەپ ئىزچىل قانۇن بويىچە تەستىقلىدى ھەم زۆرۈر ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. ھالبۇكى، رادىكال زوراۋان ئۇنسۇرلار تىنچ نامايىشنى نىقاب قىلىپ، ھەر قېتىم قانۇنچىللىق تۆۋەن چېكىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، خىش، تۆمۈر چىۋىق، ھەتتا بېنزىن بومبا بىلەن ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلدى، زەھەرلىك، زىيانلىق سۇيۇقلۇق، پاراشوك بىلەن ساقچىلارغا تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا ساقچىلارنىڭ بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ قەبىھلىكى كىشىنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئۇلار يەنە ساقچىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش كەيپىياتىنى قۇترىتىپ، ساقچىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئالا قويماي ئىزدەپ چىقىپ، ساقچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى زەھەرخەندىلىك بىلەن ھاقارەتلىدى. ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە يەتكۈچە ئازاب چېكىۋاتقان ئەھۋالدا، شىياڭگاڭ ساقچى ئەترىتىدىكىلەر يەنىلا ئىش ئورنىنى چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھېچنېمىدىن قورقماي، ئاھانەتكە چىداپ ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ، كىشىنى قايىل قىلدى، ئۇلارنىڭ كەسپىي روھى شىياڭگاڭ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تەرىپلىشىگە ئەرزىيدۇ.

زوراۋانلىق ھۇجۇم قىلىش قىلمىشى شىياڭگاڭ ئامانلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سېلىپ، شىياڭگاڭنىڭ قانۇنچىللىقى، جەمئىيەت تەرتىپى، ئىقتىسادى، خەلق تۇرمۇشى ۋە خەلقئارا ئوبرازىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. پارچە سېتىش كەسپى ھەممىدىن بۇرۇن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، تىجارەت سوممىسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ تەشۋىشلەنگىنى، ئەگەر زوراۋانلىق قىلمىشى يەنە داۋاملاشسا، قانۇنچىللىق ئاساسى، تىجارەت - سودا مۇھىتى، جەمئىيەت تەرتىپى قاتارلىق شىياڭگاڭ ئىقتىسادىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشىدىكى ئاساس مۇقەررەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، زوراۋانلىقنى ئۈنۈملۈك توسۇشتا، پەقەت شىياڭگاڭ ساقچى تەرەپنىڭ تەنھا كۈرەش قىلىشىغىلا تايىنىشقا بولمايدۇ. شىياڭگاڭدىكى ھەر ساھەنىڭ ھەممىسى تولۇق ھەرىكەتكە كېلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشى، زوراۋانلىقنى توسۇشى كېرەك.

كەڭ شىياڭگاڭ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىپ، رادىكال زوراۋان ئۇنسۇرلارغا قەتئىي «ياق» دېيىشىنى، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»نى ۋەيران قىلىشقا، شىياڭگاڭنى مالىمان قىلىشقا، شىياڭگاڭنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان كۈچلەرگە قەتئىي «ياق» دېيىشىنى، ئۇلارنىڭ شىياڭگاڭغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان قىلمىشىنى قەتئىي توسۇپ، شىياڭگاڭ ساقچى تەرەپنىڭ قانۇننى كەسكىن، ئادىل ئىجرا قىلىپ زوراۋانلىقنى توسۇشنى قەتئىي قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىياڭگاڭ جۇڭگونىڭ شىياڭگاڭى. شىياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى 7 مىليوندىن ئارتۇق شىياڭگاڭ شەھەر ئاھالىسىنىڭ بەخت - سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»نىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك. مەركىزىي ھۆكۈمەت شىياڭگاڭنىڭ ساقچى تەرەپ، ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ زوراۋانلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە جازالاپ، زوراۋان جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى قەتئىي قوللايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ۋەدە ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك، خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ

## — ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىغا باھا

□جۇڭ شېڭ

12 - نۆۋەتلىك جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كېڭەشىشى ئاخىرلاشتى، ئىككى تەرەپ 8 - ئايدا زىچ كېڭەشىشكە پۈتۈشۈپ، 9 - ئايدا مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئۇچرىشىشىغا تەييارلىق قىلغانىدى. لېكىن، ئامېرىكا تەرەپ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىۋېلىپ، جۇڭگو ئامېرىكىغا چىقىرىدىغان 300 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى تاۋاردىن ئۆز ئالدىغا 10% تاموژنا بېجى قوشۇپ ئالىدىغانلىقنى جاكارلىدى. بۇ قىلمىش جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ دابەن ئۇچرىشىشىدىكى ئورتاق تونۇشقا ئېغىر خىلاپ بولۇپ، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا سۆھبىتىگە ئېغىر قىيىنچىلىق تۇغدۇردى.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، خەلقئارا ئالاقىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىدەك قىلمىشلىرىدىن كىشىلەر كۆپ قېتىم ساۋاق ئالغان. 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئامېرىكا تەرەپ دابەندە «ئەمدى جۇڭگو مەھسۇلاتلىرىدىن يېڭىدىن تاموژنا بېجى قوشۇپ ئالمايمىز» دەپ ۋەدە بېرىپ، خەلقئارا بازارنى خاتىرجەم قىلغانىدى. لېكىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاق ساراي بايانات ئېلان قىلىپ 12 - نۆۋەتلىك جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كېڭەشىشىنىڭ «ئىجابىي خاراكتېر»گە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ 27 سائەتتىن كېيىن، ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگوغا يەنە تاموژنا بېجى كالتىكىنى كۆتۈردى، خەلقئارا بازار ئىشەنچى زەربىگە ئۇچراپ، ئامېرىكا پېيىنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە چۈشۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، يەر شارىۋى پاي بازىرىمۇ بۇنىڭ تەسىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆرلىدى ... ئۇچرىدى. روشەنكى، بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يولسىز ئۆكتەملىكى، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ گېپىدە تۇرماسلىقى ئېلىپ كەلگەن مۇقەررەر ئاقىۋەت.

ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئۆزىدىلا بىر تالاي مەسىلە بار، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كۆڭلى بىئارام. ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىنىڭ 2 - پەسىللىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى(G D P)نىڭ ھالقىسمان سېلىشتۇرما سۈندۇرۇپ ھېسابلاش يىللىق نىسبىتى 2.1% ئېشىپ، 1 - پەسىلدىكى 3.1%لىك ئېشىش سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولغان، ئىقتىسادنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ئالللىقاچان ئاشكارىلانغان. ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى يەنە ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەر شارى بازىرىدىكى «پەيتلىك ئاجىزلىق»نى كۈنسېرى گەۋدىلەندۈرمەكتە. مەسىلە شۇكى، جىددىي كېسەلگە قالايمىقان دورا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئۆزىدە ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان مەسىلىلەرنى كۆرمەي، ئەكسىچە سەۋەبسىز باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئۆزئارا تايىنىدىغان، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان يەر شارى چوڭ بازىرى ھەربىر ئىقتىساد سۇبيېكتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىغا ئوخشايدۇ. تەبىئەت ئالدىدا، تۈپ قانۇنىيەتكە خىلاپ ھەرقانداق قىلمىش ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەر شارى بازىرىدىكى ئەھۋالمۇ ئوخشاشلا شۇنداق. تاموژنا بېجى كالتىكىنى پۇلاڭلىتىپ كىرگۈزگەن بازار ئېنىقسىزلىقى مۇقەررەر بازار ئىشەنچىنى تەۋرىتىدۇ، بازار ئېكولوگىيەسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كارخانىلارنىڭ قىلچە ئىككىلەنمەي تېز سۈرئەتتە زاكاز چۈشۈرۈپ، ناھايىتى كۆپ تاموژنا بېجى خەۋپ - خەتىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ پۇل چىقىرىپ سېتىۋېلىشىدىن كىممۇ ئۈمىد كۈتەلەيدۇ؟ جۇڭگو بازار ئىگىلىكى دۆلىتى، ئامېرىكىدىن ئىمپورتنى كۆپەيتىشتە، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بازار سۇبيېكتىنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىشىغا تايىنىش كېرەك. بازار ھەرىكىتى بازار شارائىتى ۋە بازار كۆزلىمىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھازىرقى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى شۇكى، ئامېرىكا تەرەپ سودا سىياسىتىنى قازان نېنى ئۆرۈگەندەك قايتا - قايتا ئۆزگەرتىۋاتىدۇ، بازاردىكى سېتىۋالغۇچىلار سودىنى «خەتەرلىك ئويۇن» دەپ قاراپ، يەڭگىللىك بىلەن قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىدىن قىلىنىدىغان ئىمپورتنى كۆپەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرگىزمۇ تاموژنا بېجى كالتىكىنى قالايمىقان پۇلاڭلىتىشقا ئەمەس، بەلكى ئىشەنچنىڭ قوللىشى بولغان مۇقىم، تەرتىپلىك بازارنىڭ بولۇشىغا موھتاج.

ئامېرىكا يېزا ئىگىلىكىنى قاپلىغان قايغۇلۇق كەيپىيات تۈسى دەل ئامېرىكا تەرەپنىڭ خاتا تەدبىر بەلگىلىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ، باشقا دۆلەتلەردىن ئاغرىنسا بولمايدۇ. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشى يۈزبېرىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋال قانداق ئىدى؟ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك ئارىلىشىشتىن يىراق بولغان بازار شارائىتىدا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىكى زور كۆلەملىك تەمىنلەشنى زور كۆلەملىك ئېھتىياج بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇش زەنجىرى شەكىللىنىپ، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە ئورتاق مەنپەئەت ياراتقانىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بۇ زەنجىرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دەرھال ئۈنۈم ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ مىسال يەنە، جۇڭگولۇقلار 2000 نەچچە يىل ئىلگىرى خۇلاسىلىگەن داۋلىنى دەلىللىدى: ئۇستاتلىق - كازىزاپلىقتىن ساددا - سەممىيلىك ياخشى.

جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشنى ئىقتىساد - سودا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم مىزان قىلىپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپ ئىچكى بازار ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىمپورتنى پائال كېڭەيتىشنى خالايدۇ، بۇ، ئامېرىكىدىن بازارلىق كۆڭۈلدىكىدەك تاۋار سېتىۋېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككى تەرەپ بازارنى ئۆزئارا ئېچىۋېتىپ، جۇڭگونىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىش مۇساپىسىدە ئامېرىكا تەرەپنىڭ مۇۋاپىق تەلىپىنى تەدرىجىي ھەل قىلىپ، بارلىق تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ كېڭەشىشنى تېزلىتىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تەڭ پايدا ئالىدىغان كېلىشىمنى قەرەلىدە ھاسىل قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقنى بىلدۈرگەنىدى. قىلچە گۇمانلىنىشقا بولمايدۇكى، ۋەدىسىدە تۇرۇش، ئورتاق تونۇشقا ئەمەل قىلىش جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقلىرىنىڭ بەخت - سائادىتىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا پايدىلىق، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن.

ۋەدە ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك، دېگىنىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن ۋەدىگە ئەمەل قىلىش، ئەۋزىدە تۇرۇشنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بىلىدۇ، «سەممىي كىشىنىڭ دوستى كۆپ» دېگەننى تەكىتلەيدۇ. جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان پەلسەپەۋى ئىدىيە ھېلىھەم بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلارنىڭ جاھاندارچىلىق مىزانى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى مەدەنىيەت ئاساسى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك بولۇپ، ئىدىيەسى چوڭقۇر، يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى پروگراممىلىق ھۆججەت. بىز ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەتۈر ساناق باسقۇچىغا كىردى، دەل ئەڭ كۈچەيدىغان ۋاقىت، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى قىيىن ئۆتكەلنىڭ ئەڭ قىيىنى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى شىنجاڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. ھۆكۈمەت پارتگۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتگۇرۇپپىسى ھەم ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى قىيىن نۇقتا، مۇھىم نۇقتا مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قىيىن ئۆتكەلنىڭ ئەڭ قىيىنىنى يېڭىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، شەھەر - ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، يېزا - كەنتلەر جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. دىققەتنى نىشان، ئۆلچەمگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ ئىگىلەپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك، ھەم ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، ھەم قەستەن كەينىگە سۆرىمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سىياسەتنى دەل جايىدا يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك. كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، مەركەزنىڭ مەخسۇس كۆزىتىشىدە كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، دەل جايىدا قاتتىق، پۇختا تۈزىتىش كېرەك. ئىستىلنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلارنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا، نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، بىر قولدا قېپقالغان نامرات ئاھالىلەرنى ئازايتىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالىلەرنى مۇستەھكەملەپ يۈكسەلدۈرۈشنى تۇتۇپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، ئادەمنى توغرا ئىشلىتىش يۆنىلىشىنى تۇرغۇزۇپ، باھالاش، رىغبەتلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى كادىرلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لو گۇاڭشى: ئۆز تېنى بىلەن مىنا بىر تەرەپ قىلغان كۆرەش قەھرىمانى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر جاڭ خەيلېي)** تومۇزدىكى 8 - ئاي، ئىسسىق ئەۋجىگە چىققان چاغ. ئاپتوموبىل سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ لىجى ناھىيەسىدە كېتىۋاتاتتى، پارچە - پارچە كەسپ ئورمنى كۆلەملىك تەرەققىي قىلغان، خاسلىققا ئىگە ئاھالە تۇرالغۇسى بىلەن سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ بىر - بىرىگە خويمۇ ياراشقان بولۇپ، يېزا مۇھىتى پاكىز، رەتلىك ئىدى. بۇ، كۆرەش قەھرىمانى لو گۇاڭشىينىڭ يۇرتى.

لو گۇاڭشى، سىچۈەن لىجىدىن، 1941 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1951 - يىلى باللار تەشكىلاتىغا قاتناشقان. 1958 - يىلى گۇڭشى قۇرغان تالا زاۋۇتىدا ئىشلىگەن. ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، كۆپ قېتىم سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاكتىپ شەخس بولۇپ باھالانغان ھەم 1958 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن.

1960 - يىلى 8 - ئايدا، لو گۇاڭشى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسمى مەلۇم قىسمىنىڭ ئىشچى ئەسكەرلەر لىيەنى 1 - پەي 2 - بەنىگە كىرگەن. ئۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئاكتىپ ئىشلەپ، ھەممە ئىشتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغان.

1962 - يىلى جۇڭگو - ھىندىستان چېگراسىدا ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، قار دۆۋىسى ئارىسىدىكى بازىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان لو گۇاڭشى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق مەردانە قەسەمنى يازغان: «پارتىيە ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق كۈچۈمنى، ھەتتا ئىسسىق قېنىمنى ۋە ھاياتىمنى تەقدىم قىلىشنى خالايمەن.» ئۇرۇشتا، ئۇنىڭ ئىككى قولى ئىككىنچى دەرىجىدە ئۈششۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە چىقىشنى ئىلتىماس قىلغان.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، لو گۇاڭشى تۇرۇشلۇق ئىشچى ئەسكەرلەر پېيى بۇيرۇققا بىنائەن چېگرا مۇداپىئە مەلۇم قىسمىغا تەقسىملىنىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھىندىستان ئارمىيەسىنىڭ جۇڭگو - ھىندىستان چېگراسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى بىر مۇھىم ھەربىي تايانچ نۇقتىسىنى تازىلىغان. بۇ تايانچ نۇقتا ھىندىستان ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىق مەركىزى ۋە مۇھىم تەمىنات بازىسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللۇق ئورنى ئىدى. جەڭدە، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىم دۈشمەننىڭ توپ - زەمبىرەك ئوتى، پىلىموتىنىڭ شىددەتلىك بومباردىمان قىلىشى ۋە ئوققا تۇتۇشىغا ئۇچرىغان، يەر يۈزىدە يەنە دۈشمەن ئورۇنلاشتۇرغان مىنا توسالغۇسى بولغاچقا، تالاپەت ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ئىككى نەپەر مىنا بىرتەرەپ قىلغۇچى جەڭچى ئارقا - ئارقىدىن يارىلانغان. بۇ چاغدا، لو گۇاڭشى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، پارتلىتىش تۇرۇبىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە، مىنا رايونىغا بۆسۈپ كىرگەن. ئۇ ئىككى قات توپ - زەمبىرەك ئوتى قامال قىلغان لىنىيەدىن بۆسۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئېھتىياتسىزلىقتىن قار دۆۋىسى ئاستىدا قالغان مىناغا تېگىپ كېتىپ، سول پۇتى پارتلاپ كېتىپ، ھوشىدىن كەتكەن، پارتلىتىش تۇرۇبىسى تاغ باغرىغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، ھىندىستان ئارمىيەسىنىڭ توپ - زەمبىرەك ئوتى يەنىلا داۋاملىشىۋاتقانىدى. ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئورنىدىن ئەمدى تۇرالمايدىغان، ھېچقانداق مىنا بىر تەرەپ قىلىش قورالى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇ ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي ئالدىغا قاراپ دومىلاپ، بەدىنى بىلەن مىنانى پارتلاتقان. سول بىلىكى پارتلاشتا ئۈزۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا داۋاملىق ئالدىغا قاراپ دومىلاپ ئۈزلۈكسىز مىنا پارتلىتىپ، ئالتە چى كەڭلىكتىكى مىناسىز رايوننى پارتلىتىپ ئاچقان، لو گۇاڭشى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 21 ياشتا ئىدى.

لو گۇاڭشىينىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكىتىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن كېيىن، تۇرۇشلۇق قىسىم پارتكومى ئۇنىڭغا 1 - دەرىجىلىك تۆھپە يازغان ھەم ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىغا ئاساسەن ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلغان. 1963 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا «كۆرەش قەھرىمانى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

قەھرىمان ئالەمدىن ئۆتتى، روھى مەڭگۈ ھايات. ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ يۇرتىدا، كىشىلەر ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئۈزلۈكسىز مەدھىيەلەپ كەلمەكتە. لىجى ناھىيەسى باۋلىن بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن جيەنجۇن مۇنداق دېدى: پۈتۈن بازار مىقياسىدا «ئىنقىلابىي قەھرىمان ئەجدادلاردىن ئۆگىنىش، شەرەپلىك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش» باش تېما تەربىيەسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن بازاردىكى ئورگان كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، كەنت (مەھەللە) كادىرلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن بازاردا يەنە جاپادىن قورقمايدىغان، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىدىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار روھىنىڭ ئىلھامىدا، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزىتىشنى ياخشىلايمىز.

بۈگۈنكى لىجى ناھىيەسىدە شەھەر - يېزىلارنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى، ئىلگىرىكى «تاش شەھەر» باغچە شەھەرگە ئايلاندى، ھەم ئۇدا ئىككى يىل سىچۈەن ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ناھىيە رايون ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ تەقدىرلەندى. چېڭدۇ بىلەن زىياڭنى بىر گەۋدە شەھەر قىلىشنىڭ، چېڭدۇ - چۇڭچىڭ شەھەرلەر توپىنىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، لىجى ناھىيەسى قىزىل مەدەنىيەت، يېشىل ئېكولوگىيە ئاساسىغا تايىنىپ، مەدەنىيەت - ساياھەت خاس كىچىك بازىرى بەرپا قىلىپ، ناھىيە رايون ئىقتىسادىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چېڭدۇ - چۇڭچىڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ناھىيە رايون ئىقتىسادى كۈچلۈك ناھىيە بولۇشقا قاراپ كۈچىمەكتە.